# 116782 ـ تور بەتلىرىدىن تۆرلۈك پىراگىراممىلارنى ۋە كىتابلارنى بىكارغا چۈشۈرۈۋېلىشنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

تور بەتلەردە  دىنى ۋە ياكى ئىلمى كىتابلار تولۇق تېپىلىدۇ، ئۇ كىتابلاردىن مەن ئېھتىياجلىق بولغاندا پايدىلىنىدىغانلىرىنى دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن باستۇرىۋالسام ياكى ئوقۇش ئۈچۈن ساقلىۋالسام توغرا بولامدۇ؟يەنە بىر ئىش، تور بەتلەردە ۋە تىلىپۇنلاردا ئىنتايىن كۆپ بولغان ھەقسىز پىراگىراممىلار بار، ئۇنىڭ ھەممىسىنى  كۆچۈرىۋېلىش توغرا بولامدۇ؟كۆچۈرۋالسىڭىز بولىدۇ دەپ ئوچۇق بايان قىلىنغان پىراگىراممىلارنى قانداق بىلەلەيمەن؟ياكى ئۇنداق پىراگىراممىلار تېپىلمامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تور بەتلىرىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن قويۇلغان پىراگىراممىلاردىن ئېھتىياجلىق بولغاندا ئوقۇش ۋە دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن كۆچۈرۈۋالسا، ساقلىۋالسا ۋە كىتاپ قىلىپ باستۇرۇۋالسا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پىراگىراممىلار تور بەتلىرىگە شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلغاندۇر.

شۇنىڭدەك كومپيۇتور ۋە تىلىپۇنلاردا تېپىلىدىغان بىكارلىق پىراگىراممىلارنى كۆچۈرۈۋالسا بولىدۇ.

ئەسلىدە توربەتلىرىدىكى كىتاب ۋە پىراگىراممىلارنى كۆچۈرۈۋالسا بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئەسلى ئىگىسى كۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلمىغان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى كىتاب ۋە پىراگىراممىلارنى نەشىر قىلغان توربەت ساھىبىغا بولىدۇ. تور بەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ھەر قانداق كىتاب ياكى پىراگىراممىلارنى بىردىن-بىر ۋاراقلاپ، تەكشۈرۈپ بۇنى كۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغانمۇ دەپ ئىزدىشى كېرەك بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.